# شى جىنپىڭ مەملىكەتلىك مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى بويىچە تەقدىرلەش يىغىنى ۋەكىللىرى بىلەن كۆرۈشتى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ۋاڭ خۇنىڭ تەقدىرلەش يىغىنىدا سۆز قىلدى. ئۇ مۇنۇلارنى بىلدۈردى: باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ يىغىن ۋەكىللىرى بىلەن سەمىمىي كۆرۈشكەنلىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىغا يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىدىغانلىقىنى، مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى سېپىدىكى يولداشلارغا بولغان سەمىمىي غەمخورلۇقىنى، يېڭى دەۋر مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى خىزمىتىگە بولغان سەمىمىي ئۈمىدىنى تولۇق نامايان قىلدى. شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى ئۆگىنىپ ئىگىلەش، پۇختا ئۆزلەشتۈرۈش، ئەمەلىي ئىشلىتىشنى ئەڭ مۇھىم سىياسىي ۋەزىپە قىلىپ، ئۈزلۈكسىز تۈردە «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىش، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىش، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك. پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 ـ ئومۇمىي يىغىن روھى تەشۋىق ـ تەربىيەسىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، كادىرلار، ئاممىنى ئىشەنچنى چىڭىتىپ، روھىنى ئۇرغۇتۇپ، بىر نىيەتتە ئىتتىپاقلىشىپ يېڭى مۇساپىدە جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەشكە رىغبەتلەندۈرۈش كېرەك. سوتسىيالىستىك يادرولۇق قىممەت قارىشى ئارقىلىق دەۋر يېڭى كىشىلىرىنى يېتىشتۈرۈشكە يېتەكچىلىك قىلىپ، غايە ـ ئېتىقاد تەربىيەسىنى دائىملاشتۇرۇش، تۈزۈملەشتۈرۈشكە تۈرتكە بولۇپ، پارتىيە تارىخى، يېڭى جۇڭگو تارىخى، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش تارىخى، سوتسىيالىزمنىڭ تەرەققىيات تارىخى تەربىيەسىنى قانات يايدۇرۇپ، ياشلار، ئۆسمۈرلەرنى سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇش ئۇلۇغۋار غايىسىنى تۇرغۇزۇشقا يېتەكلەش كېرەك. خەلق مەركەز قىلىنغان تەرەققىيات ئىدىيەسىنى مەنىۋى مەدەنىيلىك بەرپا قىلىشنىڭ پۈتكۈل جەريانىغا سىڭدۈرۈپ، ئاممىنىڭ قاتنىشىش دەرىجىسى ۋە رازى بولۇش دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈپ، بەرپا قىلىش خىزمىتىنىڭ ئەمەلىي ئۈنۈمىنى ئاشۇرۇپ، شەكىلۋازلىق، بيۇروكراتلىققا قارشى تۇرۇش كېرەك. پارتىيەنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىپ، تەڭ تۇتۇپ ئورتاق باشقۇرىدىغان، ماس ئالغا سىلجىتىدىغان خىزمەت بىرىكمە كۈچىنى شەكىللەندۈرۈش كېرەك.

دىڭ شۆشياڭ كۆرۈشۈشكە قاتناشتى، سۇن چۈنلەن كۆرۈشۈشكە قاتناشتى ھەم يىغىندا تەقدىرلەش قارارىنى ئوقۇدى، خۇاڭ كۈنمىڭ كۆرۈشۈشكە قاتناشتى ھەم يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى.

يىغىندا تەقدىرلەنگەن ۋەكىللەرگە مۇكاپات تارقىتىپ بېرىلدى. 6 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك مەدەنىي شەھەر، مەدەنىي كەنت ـ بازار، مەدەنىي ئورۇن ۋەكىللىرى، 2 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك مەدەنىي ئائىلە، مەدەنىي مەكتەپ ۋەكىللىرى، يېڭى بىر نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك قۇرامىغا يەتمىگەنلەر ئىدىيە ـ ئەخلاق قۇرۇلۇشى خىزمىتىدىكى ئىلغارلار ۋەكىللىرى يىغىندا ئايرىم ـ ئايرىم سۆز قىلدى.

# پارتىيە رەھبەرلىكى دۆلەتنى ئومۇمىيۈزلۈك قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنى ئالغا سىلجىتىشنىڭ تۈپ كاپالىتى

## ــــ باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مەركەزنىڭ دۆلەتنى ئومۇمىيۈزلۈك قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش خىزمىتى يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش توغرىسىدا

□ خەلق گېزىتى ئوبزورچىسى

«پارتىيە رەھبەرلىكى دۆلەتنى ئومۇمىيۈزلۈك قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنى ئالغا سىلجىتىشنىڭ تۈپ كاپالىتى.» مەركەزنىڭ دۆلەتنى ئومۇمىيۈزلۈك قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش خىزمىتى يىغىنىدا، باش شۇجى شى جىنپىڭ پارتىيەنىڭ دۆلەتنى ئومۇمىيۈزلۈك قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشقا بولغان رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇش كېرەكلىكىنى تەكىتلىدى، خەلقئارا ۋە دۆلەت ئىچى مۇھىتى قانچە مۇرەككەپ، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ۋەزىپىسى قانچىكى ئېغىر بولغانسېرى، قانۇنچىللىق تەپەككۇرى ۋە قانۇنچىللىق ۋاسىتىسىدىن شۇنچە پايدىلىنىپ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش ئورنىنى مۇستەھكەملەپ، ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش ئۇسۇلىنى ياخشىلاپ، ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈپ، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ ئەبەدىي ئەمىنلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش كېرەكلىكىنى چوڭقۇر كۆرسەتتى.

ھەيۋەتلىك تاغلارنىڭ جەزمەن ئاساسى چوققىسى بولىدۇ. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىشلىرىنىڭ رەھبەرلىك يادروسى، ئالىي سىياسىي رەھبىرىي كۈچ. پارتىيە رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈش پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ تۈپ ئاساسى، جان تومۇرى، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقنىڭ مەنپەئەتى، بەختى. «ئىككى 100 يىل»لىق كۈرەش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا، بىز يەنە قانچىلىغان داۋانلاردىن ئېشىشىمىزنى، قانچىلىغان ئۆتكەللەردىن ئۆتۈشىمىزنى، قانچىلىغان بوران ـ چاپقۇننى باشتىن كەچۈرۈشىمىزنى، قانچىلىغان جاپا ـ مۇشەققەت، خەۋپ ـ خەتەر ۋە توسالغۇنى يېڭىشىمىزنى بىلمەيمىز. ئالغا ئىلگىرىلەش يولىدىكى تۈرلۈك خەۋپ ـ خەتەر ۋە خىرىسلارغا تاقابىل تۇرۇش ۋە ئۇنى يېڭىشنىڭ ئاچقۇچى پارتىيەدە. پارتىيە رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇشتىن ئىبارەت پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ ئىستىقبالى، تەقدىرىنى بەلگىلەيدىغان بۇ مۇھىم، زور پىرىنسىپال مەسىلىدە، پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن مەملىكەت جەزمەن يۈكسەك ئىدىيە ئاڭلىقلىقى، سىياسىي ئاڭلىقلىق، ھەرىكەت ئاڭلىقلىقىنى ساقلىشى كېرەك، قىلچە تەۋرىنىشكە بولمايدۇ.

باش شۇجى شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: «دۆلەتنى ئومۇمىيۈزلۈك قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشتا پارتىيە رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىپ ۋە ياخشىلاپ، پارتىيە دۆلەتنى ئومۇمىيۈزلۈك قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشقا رەھبەرلىك قىلىش تۈزۈمى ۋە خىزمەت مېخانىزمىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، پارتىيە رەھبەرلىكىنى تۈزۈملەشتۈرۈش، قانۇنچىللاشتۇرۇشنى ئالغا سىلجىتىپ، قانۇنچىللىق ئارقىلىق پارتىيەنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنىڭ ئۈنۈملۈك يولغا قويۇلۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.» دۆلىتىمىز ئاساسىي قانۇندا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش ئورنى مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن، پارتىيەنىڭ دۆلەت ھاكىمىيەت قۇرۇلمىسىدىكى پۈتۈن ۋەزىيەتنى ئىگىلەش، ھەرقايسى تەرەپلەرنى ماسلاشتۇرۇشتەك يادرولۇق ئورنى مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن، بۇ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزمنىڭ ئەڭ ماھىيەتلىك ئالاھىدىلىكى، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمىنىڭ ئەڭ چوڭ ئەۋزەللىكى، سوتسىيالىستىك قانۇنچىللىقنىڭ ئەڭ تۈپ كاپالىتى. پارتىيە رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇش سوتسىيالىستىك قانۇنچىللىقنىڭ تۈپ تەلىپى، دۆلەتنى ئومۇمىيۈزلۈك قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشتا بولۇشقا تېگىشلىك زۆرۈر مەزمۇن. ئاساسىي قانۇن دۆلەتنىڭ تۈپ قانۇنى، دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشتا چىڭ تۇرۇشتا ئاۋۋال دۆلەتنى ئاساسىي قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشتا چىڭ تۇرۇش كېرەك، قانۇن بويىچە ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشتە چىڭ تۇرۇشتا ئاۋۋال ئاساسىي قانۇن بويىچە ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشتە چىڭ تۇرۇش كېرەك. پارتىيە خەلققە رەھبەرلىك قىلىپ ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلارنى تۈزىدۇ، خەلققە رەھبەرلىك قىلىپ ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلارنى يولغا قويىدۇ، پارتىيە ئۆزى ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلار دائىرىسىدە پائالىيەت ئېلىپ بېرىشى كېرەك. دۆلەتنى ئاساسىي قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش، ئاساسىي قانۇن بويىچە ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشتە چىڭ تۇرۇش ئاساسىي قانۇندا بېكىتىلگەن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ رەھبەرلىك ئورنىدا تەۋرەنمەسلىكتە چىڭ تۇرۇشنى، ئاساسىي قانۇندا بېكىتىلگەن خەلق دېموكراتىيەسى دىكتاتۇرىلىقىدىكى دۆلەت تۈزۈلمىسى ۋە خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىدىكى ھاكىمىيەت تۈزۈلمىسىدە تەۋرەنمەسلىكتە چىڭ تۇرۇشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

خەلق پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ ئىستىقبالى، تەقدىرىنى بەلگىلەيدىغان تۈپ كۈچ، جان ـ دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش پارتىيەنىڭ تۈپ ئاساسىي مەقسىتى. دۆلەتنى ئومۇمىيۈزلۈك قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنىڭ ئەڭ كەڭ، ئەڭ چوڭقۇر ئاساسى خەلق، جەزمەن خەلقنى مەركەز قىلىشتا چىڭ تۇرۇش، خەلقنى كۆزلەش، خەلققە تايىنىشتا چىڭ تۇرۇش كېرەك. خەلقنىڭ مەنپەئەتىنى گەۋدىلەندۈرۈش، خەلقنىڭ ئارزۇسىنى ئەكس ئەتتۈرۈش، خەلقنىڭ ھوقۇق ـ مەنپەئەتىنى قوغداش، خەلقنىڭ بەخت ـ سائادىتىنى ئاشۇرۇشنى دۆلەتنى ئومۇمىيۈزلۈك قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرى، پۈتكۈل جەريانىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك. دۆلەتنى ئومۇمىيۈزلۈك قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنى ئالغا سىلجىتىشنىڭ تۈپ مەقسىتى خەلقنىڭ ھوقۇق ـ مەنپەئەتىنى قانۇن بويىچە كاپالەتلەندۈرۈش. خەلق ئاممىسىنىڭ يېڭى تەلىپى، يېڭى ئارزۇسىغا پائال ئىنكاس قايتۇرۇپ، قانۇنچىللىق ساھەسىدىكى خەلق ئاممىسىنىڭ ئىنكاسى كۈچلۈك بولغان گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى سىستېمىلىق تەتقىق قىلىپ پىلانلاپ ۋە ھەل قىلىپ، خەلق ئاممىسىنىڭ ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى، بىخەتەرلىك تۇيغۇسىنى ئۈزلۈكسىز ئاشۇرۇپ، قانۇنچىللىق ئارقىلىق خەلقنىڭ خاتىرجەم ياشىشى، خۇشال ـ خۇرام ئىشلىشىگە كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. خەلق ئۆزىگە ئۆزى ئىگە بولۇش تۈزۈم سىستېمىسىدا چىڭ تۇرۇپ ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، جەمئىيەت ئادىللىقى، ھەققانىيلىقىنىڭ قانۇنچىللىق كاپالىتى تۈزۈمىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، خەلقنىڭ پارتىيە رەھبەرلىكىدە تۈرلۈك يول ۋە شەكىل ئارقىلىق قانۇن بويىچە دۆلەت ئىشلىرىنى باشقۇرۇشى، ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت ئىشلىرىنى باشقۇرۇشى، جەمئىيەت ئىشلىرىنى باشقۇرۇشىغا كاپالەتلىك قىلىپ، قانۇن ۋە ئۇنى يولغا قويۇش ئارقىلىق خەلقنىڭ ئىرادىسىنى ئۈنۈملۈك نامايان قىلىش، خەلقنىڭ ھوقۇق ـ مەنپەئەتىگە كاپالەتلىك قىلىش، خەلقنىڭ ئىجادكارلىقىنى قوزغىتىش كېرەك.

جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك قانۇنچىللىق يولى ماھىيەتتە جۇڭگوچە سوتسىيالىزم يولىنىڭ قانۇنچىللىق ساھەسىدىكى كونكرېت ئىپادىسى، سوتسىيالىستىك قانۇنچىل دۆلەت قۇرۇشنىڭ بىردىنبىر توغرا يولى. دۆلەتنى ئومۇمىيۈزلۈك قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنى ئالغا سىلجىتىشتا، جەزمەن جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك قانۇنچىللىق يولىدا چىڭ تۇرۇپ، ھەم مەۋقەنى ھازىرغا قويۇپ، قانۇنچىللىق تەپەككۇرى ۋە قانۇنچىللىق شەكلىدىن پايدىلىنىپ ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى دۇچ كەلگەن چوڭقۇر قاتلاملىق مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش كېرەك؛ ھەم ئۇزاق كەلگۈسىنى كۆزلەپ، قانۇنچىللىق ئاساسىنى پۇختىلاپ، قانۇنچىللىق كۈچىنى ئىشقا سېلىپ، قانۇنچىللىق كۈچىنى توپلاپ، ھەرقايسى جەھەتلەردىكى تۈزۈملەرنىڭ تېخىمۇ پىشىپ يېتىلىشى، تېخىمۇ تۇراقلىششىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، پارتىيە ۋە دۆلەت ئىشلىرى تەرەققىياتىنى ئۇزاق مۇددەتلىك تۈزۈم كاپالىتى بىلەن تەمىنلەش كېرەك. جۇڭخۇا مۇنەۋۋەر ئەنئەنىۋى قانۇن مەدەنىيىتىگە ۋارىسلىق قىلىپ، دۆلىتىمىزنىڭ ئىنقىلاب، قۇرۇلۇش، ئىسلاھات ئەمەلىيىتىدە ئۆزىگە ماس كېلىدىغان قانۇنچىللىق يولى ئۈستىدە ئىزدىنىش كېرەك، شۇنىڭ بىلەن بىللە، چەت ئەل قانۇنچىللىقىدىكى پايدىلىق نەتىجىلەردىن ئۆرنەك ئېلىپ، ئومۇمىيۈزلۈك زامانىۋىلاشقان سوتسىيالىستىك دۆلەت قۇرۇش، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن قانۇنچىللىق ئاساسىنى پۇختىلاش كېرەك.

جۇڭگونىڭ ئىشلىرىنى ياخشى قىلىشنىڭ ئاچقۇچى پارتىيەدە، ئاچقۇچى ئادەمدە. ھەم ئەخلاقلىق، ھەم قابىلىيەتلىك بولغان يۇقىرى ساپالىق قانۇنچىللىق خىزمىتى قوشۇنى قۇرۇشتا چىڭ تۇرۇش كېرەك، بۇ دۆلەتنى ئومۇمىيۈزلۈك قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنى ئالغا سىلجىتىشتىكى بىر تۈرلۈك ئاساس خاراكتېرلىك خىزمەت؛ رەھبىرىي كادىرلاردىن ئىبارەت بۇ «ئاچقۇچلۇق ئاز سانلىق»لارنى چىڭ تۇتۇشتا چىڭ تۇرۇش كېرەك، بۇ دۆلەتنى ئومۇمىيۈزلۈك قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش نىشان ـ ۋەزىپىسىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ ئاچقۇچى. يېڭى دەۋردە جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەپ، يېڭى مۇساپىنى باشلاپ، شى جىنپىڭ قانۇنچىللىق ئىدىيەسىنىڭ دۆلەتنى ئومۇمىيۈزلۈك قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشتىكى يېتەكچىلىك ئورنىدا چىڭ تۇرۇپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ دۆلەتنى ئومۇمىيۈزلۈك قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش توغرىسىدىكى مۇھىم، زور تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، قانۇنچىللىق تەپەككۇرى ۋە قانۇنچىللىق شەكلىدىن پايدىلىنىپ ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇش، زىددىيەتلەرنى پەسەيتىش ۋە تۈگىتىش، مۇقىملىقنى قوغداش، خەۋپ ـ خەتەرگە تاقابىل تۇرۇش ئىقتىدارىمىزنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرسەكلا، بىز چوقۇم خەلقنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، يېتەكلەپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ تارىخىي بۇرچىنى ئورۇندىيالايمىز.

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 11 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى تېلېگراممىسى)**

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ئېچىۋېتىلگەن ـ سىغدۇرۇشچان، يېڭىلىق يارىتىدىغان ـ ئاشۇرىدىغان، ئالاقىنى راۋانلاشتۇرىدىغان، ھەمكارلىشىپ ئورتاق پايدا ئالىدىغان ئاسىيا ـ تىنچ ئوكيان تەقدىر ئورتاق گەۋدىسىنى بىرلىكتە بەرپا قىلىشىمىز كېرەك.

بىرىنچى، ئېچىۋېتىلگەن ـ سىغدۇرۇشچان بولۇشتا چىڭ تۇرۇش كېرەك. تىنچلىق، مۇقىملىقنى قەتئىي قوغداپ، كۆپ تەرەپچىلىكنى قەتئىي قوغداپ، ئوچۇق دۇنيا ئىقتىسادى بەرپا قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، قەتئىي تەۋرەنمەي دۇنيا سودا تەشكىلاتى يادرولۇقىدىكى كۆپ تەرەپلىك سودا تۈزۈلمىسىنى قوللاپ، رايون ئىقتىسادىنى بىر گەۋدىلەشتۈرۈشنى داۋاملىق ئالغا سىلجىتىپ، ئاسىيا ـ تىنچ ئوكيان ئەركىن سودا رايونىنى بالدۇرراق قۇرۇپ چىقىش كېرەك. جۇڭگو تەرەپ رايون ئومۇمىيۈزلۈك ئىقتىسادىي ھەمراھلىق مۇناسىۋىتى كېلىشىمى ئىمزالاشنى تاماملاشنى قارشى ئالىدۇ، شۇنداقلا ئومۇمىيۈزلۈك ۋە ئىلغار تىنچ ئوكيان ھالقىغان ھەمراھلىق مۇناسىۋىتى كېلىشىمىگە قاتنىشىشنى پائال ئويلىشىدۇ. ئاسىيا ـ تىنچ ئوكيان ئىقتىسادىي ھەمكارلىق تەشكىلاتىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك ئېچىش ئىستراتېگىيەسى ۋە سىغدۇرۇشچان ھەرىكەت قارالمىسىنى داۋاملىق ئەمەلىيلەشتۈرىدۇ. جۇڭگو تەرەپ سىغدۇرۇشچان سودا ۋە سېلىنما مۇھاكىمە يىغىنى ئۆتكۈزىدۇ.

ئىككىنچى، يېڭىلىق يارىتىدىغان ـ ئاشۇرىدىغان بولۇشتا چىڭ تۇرۇش كېرەك. يېڭى تېخنىكىنىڭ تارقىلىشى ۋە قوللىنىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، رەقەملىك ئۇل ئەسلىھە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش كېرەك. ئىقتىساد ئىدارە قىلىشنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئوچۇق، ئادىل، باراۋەر بولغان، كەمسىتىش بولمىغان تىجارەت ـ سودا مۇھىتى يارىتىش كېرەك. جۇڭگو تەرەپ ئاقىل شەھەر يېتەكچى پىرىنسىپىنى تۈزۈشكە تۈرتكە بولۇپ، ھەرقايسى تەرەپلەرگە رەقەملىك تېخنىكا ئارقىلىق يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش ۋە ئىقتىسادنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش تەجرىبىلىرىدىن بەھرىلىنىش توغرىسىدا تەكلىپ بېرىدۇ، رەقەملىك تىجارەت ـ سودا مۇھىتىنى ئەلالاشتۇرۇپ، رەقەملىك ئىقتىسادنىڭ يوشۇرۇن كۈچىنى قويۇپ بېرىشنى تەشەببۇس قىلىدۇ. كېلەر يىلى، جۇڭگو تەرەپ رەقەملىك نامراتلارنى ئازايتىش مۇھاكىمە يىغىنى ئۆتكۈزىدۇ.

ئۈچىنچى، ئالاقىنى راۋانلاشتۇرۇشتا چىڭ تۇرۇش كېرەك. خادىملار، مال، مەبلەغ، سانلىق مەلۇماتلارنىڭ بىخەتەر، تەرتىپلىك يۆتكىلىشىنى راۋانلاشتۇرۇش كېرەك. جۇڭگو تەرەپ ھەرقايسى تەرەپلەر بىلەن بىرلىكتە خادىملارنىڭ يۆتكىلىش «قولايلىق يولى» ۋە مال «يېشىل يولى» قۇرۇلۇشىنى پائال، پۇختا ئالغا سىلجىتىپ، پۈتۈن يەر شارى ۋە رايونلار كەسىپ زەنجىرى، تەمىنلەش زەنجىرىنىڭ بىخەتەر، راۋان ئايلىنىشىنى قوغداشنى خالايدۇ. ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ تەرەققىيات يىرىك پىلانى ۋە ئالاقىنى راۋانلاشتۇرۇش تەشەببۇسىنى ئۇدۇللاشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، يۇقىرى سۈپەتتە «بىر بەلباغ، بىر يول»نى ئورتاق قۇرىدۇ.

تۆتىنچى، ھەمكارلىشىپ ئورتاق پايدا ئېلىشتا چىڭ تۇرۇش كېرەك. ئۆزئارا ئىشىنىدىغان، سىغدۇرۇشچان، ھەمكارلىشىدىغان، ئورتاق پايدا ئالىدىغان ئاسىيا ـ تىنچ ئوكيان ھەمراھلىق مۇناسىۋىتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئورتاق كېڭىشىش، ئورتاق قۇرۇش، ئورتاق بەھرىلىنىش ئىدىيەسىگە ئەمەل قىلىپ، رايون ھەمكارلىق سەۋىيەسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈش كېرەك. كېڭىشىپ بىرلىككە كېلىش ئاساسىدا ئەمەلىي ھەمكارلىقنى ئالغا سىلجىتىپ، زىددىيەت ۋە ئىختىلاپلارنى مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلىپ، ئاسىيا ـ تىنچ ئوكيان ھەمكارلىقىنىڭ توغرا يۆنىلىشىنى قوغداپ، ئاسىيا ـ تىنچ ئوكيان ئىقتىسادىي ھەمكارلىق تەشكىلاتىنى پۇختا قەدەم بىلەن ئىلگىرى يۈرۈش قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش كېرەك. جۇڭگو تەرەپ ئاسىيا ـ تىنچ ئوكيان ئىقتىسادىي ھەمكارلىق تەشكىلاتىنىڭ ۋاكسىنا، ئاممىۋى سەھىيە، ئوتتۇرا، كىچىك، ئۈششاق كارخانىلار قاتارلىق ساھەلەردىكى ھەمكارلىقنى كۈچەيتىشنى قوللايدۇ، يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش ھەمكارلىقى ۋە ئىقتىسادنىڭ قايتا جانلىنىشىغا كۈچ قوشىدۇ.

شى جىنپىڭ ئاخىرىدا مۇنداق تەكىتلىدى: جۇڭگو ئاسىيا ـ تىنچ ئوكيان رايونىدىكى ھەرقايسى تەرەپلەر بىلەن بىرلىكتە، ئاسىيا ـ تىنچ ئوكياننىڭ تىنچ، گۈللەنگەن گۈزەل كەلگۈسىنى ئورتاق يارىتىپ ۋە ئۇنىڭدىن ئورتاق بەھرىلىنىپ، ئىنسانىيەت تەقدىرى ئورتاق گەۋدىسى بەرپا قىلىش نىشانىغا قاراپ ئۈزلۈكسىز ئىلگىرىلەشنى خالايدۇ.

يىغىنغا مالايسىيا زۇڭلىسى مۇھيىددىن رىياسەتچىلىك قىلدى. يىغىننىڭ باش تېمىسى «خەلقنىڭ يوشۇرۇن ئىقتىدارىنى ئۇرغۇتۇپ، چىداملىق ۋە قەيسەر بولغان، گۈللەنگەن كەلگۈسىدىن ئورتاق بەھرىلىنەيلى». يىغىنغا قاتناشقان ھەرقايسى ئىقتىسادىي گەۋدىلەرنىڭ رەھبەرلىرى يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىغا تاقابىل تۇرۇش ۋە 2020 ـ يىلىدىن كېيىن ئاسىيا ـ تىنچ ئوكيان ئىقتىسادىي ھەمكارلىق تەشكىلاتىنىڭ ھەمكارلىق مەنزىلىنى چۆرىدەپ كۆز قاراشلىرىنى چوڭقۇر ئالماشتۇرۇپ، پائال ئورتاق تونۇش ھاسىل قىلدى.

رەھبەرلەر مۇنۇلارنى بىلدۈردى: يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى خىرىسى ئالدىدا، ھەرقايسى تەرەپلەر باشقىچە پىكىردە بولماستىن بەلكى ئوخشاشلىقنى ساقلىشى كېرەك، ئىتتىپاقلىقنى كۈچەيتىپ، ۋاكسىنا ھەمكارلىقىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، خادىملارنىڭ يۆتكىلىشى ۋە ماددىي ئەشيا ئوبوروتىنى قولايلاشتۇرۇپ، كىرىزىس ئۈستىدىن تېزرەك غالىب كېلىپ، ئىقتىسادنىڭ قايتا جانلىنىپ ئېشىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشى كېرەك. باراۋەر ھەمراھ بولىدىغان، مەسئۇلىيەتنى ئورتاق زىممىگە ئالىدىغان، ئۆزئارا ھۆرمەتلەيدىغان، ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈپ ئورتاق پايدا ئالىدىغان ئاسىيا ـ تىنچ ئوكيان ئىقتىسادىي ھەمكارلىق تەشكىلاتى روھىغا ئەمەل قىلىپ، سودا سېلىنمىسى، پەن ـ تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش، رەقەملىك ئىقتىساد قاتارلىق ساھەلەردىكى ھەمكارلىقنى كۈچەيتىپ، ئالاقىنى راۋانلاشتۇرۇشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش كېرەك. دۇنيا سودا تەشكىلاتىنىڭ ئىسلاھاتىنى قوللاپ، كۆپ تەرەپچىلىك ۋە كۆپ تەرەپلىك سودا تۈزۈلمىسىنى قوغداپ، ئەركىن، ئوچۇق، باراۋەر بولغان، كەمسىتىش بولمىغان، ئاشكارا ۋە مۆلچەرلىگىلى بولىدىغان سودا سېلىنمىسى مۇھىتى بەرپا قىلىش كېرەك. رايون ئىقتىسادىنىڭ بىر گەۋدىلىشىشى ۋە ئاسىيا ـ تىنچ ئوكيان ئەركىن سودا رايونى مۇساپىسىنى ئالغا سىلجىتىپ، 2040 ـ يىلى ئېچىۋېتىلگەن، ھاياتىي كۈچكە تولغان، چىداملىق ۋە قەيسەر، تىنچ بولغان ئاسىيا ـ تىنچ ئوكيان ئورتاق گەۋدىسى قۇرۇپ چىقىشقا كۈچ چىقىرىش كېرەك.

يىغىندا «2040 ـ يىل ئاسىيا ـ تىنچ ئوكيان ئىقتىسادىي ھەمكارلىق تەشكىلاتى پۇتراجايا ئارزۇسى» ماقۇللاندى، «2020 ـ يىل ئاسىيا ـ تىنچ ئوكيان ئىقتىسادىي ھەمكارلىق تەشكىلاتى رەھبەرلىرى كۇئالا لۇمپۇر خىتابنامىسى» ئېلان قىلىندى.

دىڭ شۆشياڭ، ياڭ جيېچى، ۋاڭ يى، خې لىفېڭ قاتارلىقلار يىغىنغا قاتناشتى.